2017



# ھەدىس ھەققىدە مۇلاھىزە

تەۋپىق

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَٰنِ الرَّحِيمِ

جىمى ھەمدۇ – سانا ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھقا بولسۇن! دۇرت ۋە سالاتۇ سالاملار ئالغان ۋەھيىنى شۇ پېتى ئىنسانلارغا يەتكۈزگەن، ئىسلامنىڭ تارقىلىشىدا توختىماي كۆرەش قىلغان سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە – تاۋاباتىغا، ئەسھابىغا بولسۇن!

ھەممىگە مەلۇم، يېقىندىن بۇيان ھەدىس ھەققىدە مۇنازىرە بولىۋاتىدۇ. بۇ سەۋەپتىن ھەدىس، ھەدىسلەرنىڭ توپلىنىشى، ھەدىسلەرنىڭ تۈرلىرى، ھەدىسلەرنى تۈرلەرگە ئايرىشتىكى مېتود، ھەدىسلەرنىڭ دىندىكى ئورنى قاتارلىق مەسىلىلەر ھەققىدە ئىزدەنگەنلىرىم ئاساسىدا چامىمنىڭ يېتىشىچە قېرىنداشلارغا مەلۇمات بېرىشنى مۇۋاپىق دەپ قارىدىم. چۈنكى بۇ مەسىلىلەر ئايدىڭلاشماستىن، قىلىنغان مۇنازىرىلەرنىڭ قايىل قىلارلىق نەتىجىسى بولمايدۇ دەپ قارايمەن.

ھەدىس دېگەن نېمە؟

ھەدىس كەلىمىسىنىڭ لوغەت مەنىسى سۆز دېگەنلىك بولۇپ، ئىسلامى ئاتالغۇ بولۇپ كەلگەندە مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم قىلغان سۆزلەرنى ئىپادىلەيدۇ.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي مۇسۇلمانلار ئارىسىدا پىتنە باش كۆتۈرۈپ پارچىلىنىشقا، پىرقىلەرگە بۆلۈنۈشكە باشلىغان. ئۇنىڭدىن باشقا مۇسۇلمان قىياپىتىگە كىرىۋالغان دىن دۈشمەنلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەقىدىسىنى بۇزۇش ۋە دىنىدا شەك پەيدا قىلىش ئۈچۈن؛ بەزى كىشىلەر مۇسۇلمانلارنى ياخشى ئىشقا دەۋەت قىلىش، يامانلىقتىن توسۇشنى مەقسەت قىلىپ ياخشى نىيەتتە؛ يەنە بەزى كىشىلەر ئۆزىنىڭ قارىشىنى كۈچلەندۈرۈش، رەقىپلەرنى قارىلاش، مات قىلىشنى مەقسەت قىلىپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ نامىدىن يالغان ھەدىسلەرنى توقۇپ چىققان. بۇ سەۋەپتىن ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىمغا ئوخشاش زاتلار ھەدىسلەرنى توپلاپ رەتلەش، توغرىسىنى ئايرىپ كىتاپ ھالىغا كەلتۈرۈشكە كىرىشكەن بولۇپ، بۇ خىل خىزمەتلەر ئەسىرلەر بويى داۋام قىلىپ كەلمەكتە.

ئىسلام ئۆلىمالىرى ھەدىسلەرنى مەنا ۋە لەۋزى جەھەتتىن ھەدىس قۇدسىي ۋە ھەدىس دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىغان.

ھەدىسى قۇدسىيغا مەناسى ئاللاھقا، لەۋزى ( ئىپادىلىنىش شەكلى ) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئائىت بولغان سۆزلەر دەپ ئېنىقلىما بېرىش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭمۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن كەلگەنلىكى جەھەتتە ئىشەنچلىك ۋە ئىشەنچسىزلىرىنىڭ بارلىقىنى بىردەك قوبۇل قىلغان ( دىن ۋە ھايات، 2 – قىسىم، 242 – بەت ).

ھەدىسلەرنى بولسا مەنىسى ۋە لەۋزى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئائىت بولغان سۆزلەر دەپ ئېنىقلىما بەرگەن.

ھەدىسلەرنى يېتىپ كېلىش جەھەتتىن مۇتەۋاتىر ۋە ئاھاد دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىغان.

ئادەتتە يالغان چىقىرىش قەتئىي مۇمكىن بولمايدىغان، تۇنجى رىۋايەت قىلغۇچىسىدىن ئاخىرقىسىغىچە « ئەڭ ئىشەنچلىك » دېگەن سۈپەتنى يوقاتمىغان كىشىلەر تەرىپىدىن ئوخشاش لەۋزىدە رىۋايەت قىلغان ھەدىسلەرنى مۇتەۋاتىر ھەدىس دەپ ئاتىغان. بىر ھەدىسنىڭ مۇتەۋاتىر ھەدىس بولۇشى ئۈچۈن رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ سانى ئالاھىدە كۆپ بولۇشى، رىۋايەت قىلغۇچىلار يالغان ئېيتىشى قەتئىي مۇمكىن بولمايدىغان كىشىلەر تەرىپىدىن رىۋايەت قىلىنغان بولۇشى، رىۋايەت قىلغۇچىلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلىغان ياكى ئۇنىڭ قىلغىنىنى كۆرگەن بولۇشى شەرت قىلىنغان.

مۇتەۋاتىر ھەدىسلەرنى ئۆز ئىچىدىن لەۋزى ۋە مەنا جەھەتتىن ئىككى تۈرگە ئايرىغان.

يالغان ئېيتىشى مۇمكىن بولمايدىغان كۆپ سانلىق كىشىلەر تەرىپىدىن ئوخشاش تېكىست بىلەن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسلەرنى مۇتەۋاتىر لەۋزى ھەدىس دەپ ئاتىغان.

يالغان ئېيتىشى مۇمكىن بولمايدىغان كۆپ سانلىق كىشىلەر تەرىپىدىن ئوخشاش مەنىدىكى ھەر خىل تېكىست بىلەن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسلەرنى مۇتەۋاتىر مەنىۋى ھەدىس دەپ ئاتىغان.

رىۋايەتچىلەرنىڭ كۆپلىكى جەھەتتىن مۇتەۋاتىر دەرىجىسىگە يەتمىگەن ھەدىسلەرنى ئاھاد ھەدىسلەر دەپ ئاتىغان. ئاھاد ھەسلەرنى يەنە ئۆز ئىچىدىن ئۈچ تۈرگە ئايرىغان:

1. غەرىب ھەدىسلەر – بىرلا كىشى تەرىپىدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىس.
2. ئەزىز ھەدىسلەر – ئىككى كىشى تەرىپىدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىس.
3. مەشھۇر ھەدىسلەر – ئۈچ ياكى سانى مۇتەۋاتىر دەرىجىسىگە يەتمەيدىغان كۆپ كىشىلەر تەرىپىدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسلەر.

ئۆلىمالار بۇ تۈردىكى ھەدىسلەرنىڭ راستلىق شەرتىگە توشقانلىرىغا ئەمەل قىلىش كېرەك دەپ قارايدۇ ( دىن ۋە ھايات، 2 – قىسىم، 248، 249 – بەت ).

ھەدىسلەر قوبۇل ۋە رەت قىلىنىش جەھەتتىن مەقبۇل ۋە مەردۇت دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىلغان.

مەقبۇل ھەدىس – قوبۇل قىلىنىدىغان ھەدىسلەر بولۇپ، مەزمۇنىغا شەرتسىز ئەمەل قىلىنىدىغانلىقى قەيت قىلىنغان.

مەردۇت ھەدىس – رەت قىلىنغان ھەدىسلەر بولۇپ، بۇ خىل ھەدىسلەرگە ئەمەل قىلىنمايدۇ.

مەقبۇل ھەدىسلەر يەنە ئۆز ئىچىدىن سەھىھ ۋە ھەسەن دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىلغان. سەھىھ – لوغەتتە ساغلام دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان بولۇپ، كېسەلنىڭ زىتىنى ئىپادىلەيدۇ.

ھەدىسشۇناسلار سەنەدى ( رىۋايەت زەنجىرى ) تۇنجى رىۋايەت قىلغان كىشىدىن تارتىپ ئەڭ ئاخىرقى كىشىگىچە قوبۇل قىلىش شەرتلىرىگە تولغان كىشىلەر تەرىپىدىن رىۋايەت قىلىنىشىنىڭ سىرتىدا، رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ تەقۋالىق، ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى جەھەتتە ئۈستۈن بولغان كىشىلەر تەرىپىدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسلەرنى سەھىھ ھەدىسلەر دەپ ئاتىغان.

ھەسەن – لۇغەتتە چىرايلىق، ئېسىل، گۈزەل دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ.

ھەدىسشۇناسلار سەھىھ ھەدىسكە ئوخشاش سەنەدى تۇنجى رىۋايەت قىلغۇچىدىن ئاخىرقى كىشىگىچە بولغان رىۋايەت زەنجىرىدە سەھىھلىك شەرتىگە توشقان بولسىمۇ، لېكىن رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ بىر ياكى ئىككىسىنىڭ ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى ئالاھىدە يۇقىرى بولمىغانلىقتىن « سەھىھ »لىك دەرىجىسىگە يېتەلمىگەن ھەدىسلەرنى ھەسەن ھەدىس دەپ ئاتىغان بولۇپ، ئەمەل قىلىش جەھەتتىن سەھىھ ھەدىس بىلەن ئوخشاش دەرىجىدە دەپ قارالغان.

ھەدىسشۇناسلار مەردۇد ھەدىسلەرنى زەئىپ ۋە مەۋزۇ ( توقۇلما ) ھەدىسلەر دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىغان.

مۇھەددىسلەر سەھىھ ياكى ھەسەن دەرىجىسىگە يېتىش شەرتلىرى تولۇق ئادا بولمىغان ھەدىسلەرنى زەئىپ ھەدىسلەر دەپ ئاتىغان. بۇ تۈردىكى ھەدىسلەرنىڭ زەئىپ دەپ ئاتىلىشىغا مۇنداق ئىككى سەۋەپ كۆرسىتىلگەن:

1. سەنەد زەنجىرىدە ئۈزۈكلىك بولۇش.
2. رىۋايەت قىلغۇچىنىڭ تەقۋالىق ۋە ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى جەھەتتىن ئىشەنچلىك دەپ قارالماسلىقى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ نامىدىن توقۇلغان ھەدىسلەر مەۋزۇ ھەدىس دەپ ئاتالغان بولۇپ، ئىسلام ئۆلىمالىرى بۇنداق ھەدىسلەرنى رىۋايەت قىلىشنى قاتتىق چەكلىگەن ( دىن ۋە ھايات، 2 – قىسىم، 250– 252 – بەت ).

### ھەدىسلەرنىڭ سەھىھ بولۇشىدىكى ئۆلچەم

ھەدىس ۋە سۈننەت مەسلىسى 14 ئەسىردىن بۇيان مۇنازىرە قىلىپ كېلىنگەن مەسىلىلەردىن بىرى بولۇپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن ساھابىلەر ئارىسىدا ھەدىس ۋە سۈننەتكە قارىتا پەرقلىق ئىككى خىل پوزىتسىيە ئوتتۇرىغا چىققان.

بۇلاردىن بىرىنچىسى، ھەدىسلەردە لەبىز – مەنا ۋە رىۋايەت – دىرايەت نوقتىسىدىن لەبىز ۋە رىۋايەتكە ئەھمىيەت بېرىش ئالدىنقى ئورۇنغا چىققان بولۇپ، ھەدىسلەردە لەبىزچىلىكنى، سۈننەتتە تەقلىدچىلىكنى ئاساس قىلغان ئېقىم. بۇ ئېقىمدىكىلەر ئۈچۈن بىر سۆز ياكى ھەرىكەتنىڭ نېمە مەقسەتتە قىلىنغانلىقى مۇھىم ئەمەس بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىشنى ھاجەتسىز دەپ قارىغان. ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ ئىبن ئۆمەر، ئەبۇ ھۇرەيرە، ئابدۇللاھ ئىبن ئامر ئىبن ئاس، ئەبۇ زەر ئەل – غىففارى رەزىيەللاھۇئەنھۇ قاتارلىق ساھابىلە بۇلار ئېقىمغا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

ئىككىنچى ئېقىم بولسا، ھەدىس ۋە سۈننەتنى چۈشۈنۈشتە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ نېمە دېگەنلىكىدىن زىيادە نېمە دېمەكچى بولغانلىقى، بىر ئىشنى نېمە ئۈچۈن قىلغانلىقى ھەققىدە ئىزدەنگەن بولۇپ، ئاڭلىغان ھەر رىۋايەتنى شۇ پېتى قوبۇل قىلمىغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قىلغان ھەر ئىشنى سۈننەت دائىرىسى ئىچىگە كىرگۈزمىگەن بولۇپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نىسبەت بېرىلگەن ھەر سۆز ۋە ھەرىكەتنى قۇرئان ۋە ئىسلامنىڭ ئاساسلىق پىرىنسىپلىرى ئاساسىدا چۈشۈنۈشكە تىرىشقان. ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇئەنھا، ھەزرىتى ئۆمەر، ئابدۇللاھ ئىبن مەسئۇد، ئابدۇللاھ ئىبن ئاbbاس رەزىيەللاھۇئەنھۇ قاتارلىق ساھابىلەر بۇ ئېقىمغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇ ئېقىمدىكىلەر بەزى ساھابىلەردىن ئاڭلىغان رىۋايەتلەرنى رەت قىلغان ياكى تۈزىتىش بەرگەن. مەسىلەن: ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇئەنھۇ « ئوتتا پۇشۇرۇلغان نەرسىلەر سەۋەبىدىن تەھەرەت ئېلىڭلار » دېگەن مەنىدىكى بىر ھەدىسنى رىۋايەت قىلغاندا، ئىبن ئاbbاس رەزىيەللاھۇئەنھۇ « ئىسسىق سۇدا تەھەرەت ئالسام ماڭا نېمە قىلىش زۆرۈر بولىدۇ؟ » دەپ سورىغان. ئەبۇ ھۇرەيرە: « ئەي قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى! ساڭا بىر ھەدىس كەلسە ئەقىل ئىشلىتىپ تەپەككۇر قىلما » ( تاھاۋى، شەرھۇ مائانىل ئاسەر، 1 – جىلد، 63 ) دېيىش ئارقىلىق بۇ ئېقىمنىڭ ئاساسلىق پوزىتسىيىسىنى نامايەن قىلغان.

بىر قېتىم ھەجگە ماڭغاندا ئىبن ئۆمەر رەزىيەللاھۇئەنھۇ تۆگىسىنى تۇرۇپ – تۇرۇپ بىر يۇقىرىغا، بىر پەسكە ماڭدۇرغان. نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلغانلىقى سورالغاندا: « مەنمۇ بىلمەيمەن. لېكىن رەسۇلۇللاھنىڭ مۇشۇنداق قىلغانلىقىنى كۆرگەنىدىم، شۇڭا مۇشۇنداق قىلدىم » دەپ جاۋاپ بەرگەن ( قازى ئىياد، ئەش – شىفا بى تەرىفى ھۇقۇقىل مۇستافا، 2، 558 ).

« ئۆي، ئايال ۋە ئات شۇملۇقتۇر » ( بۇخارى، جىھاد، 47. رىۋايەت نومۇرى، 2858، 2859؛ نىكاھ، 18، نومۇرى، 5093؛ مۇسلىم، سەلام، 115 – 118، نومۇرى 5804 – 5809 ) مەنىسىدىكى ئىسلامنىڭ ئاساسلىق پىرىنسىپلىرىغا زىت رىۋايەتنىڭ ئوتتۇرىدا ئېغىزدىن – ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئائىشە ئانىمىز غەزەپ بىلەن قۇرئاننى مۇھەممەدكە نازىل قىلغان ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇ ھەرگىز بۇنداق سۆزنى قىلمايدۇ، دەپ رەت قىلغان ۋە مۇھەممەد

ئەلەيھىسسالامنىڭ يەھۇدىيلار ياكى جاھلىيەت ئەھلىنىڭ بۇ ئۆچ نەرسىنى شۇملۇق دەپ قارايدىغانلىقى بايان قىلغان. لېكىن ئاڭلىغۇچىلار بۇ سۆزنى تولۇق ئاڭلىماستىن رىۋايەت قىلغانلىقىنى ئېيتقان ( تايالىسى، مۇسنەد، 215، نۇمۇرى، 1537؛ ئەھمەد بىن ھەنبەل، 4، 151، 240، 247، نۇمۇرى، 25683، 26562، 26616؛ زەركەشى، ئەل ـ ئىجابە، 104 ).

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇئەنھۇنىڭ « ئايال، قارا ئىت ۋە ئېشەك ناماز قىلغان كىشىنىڭ ئالدىدىن ئۆتسە، ئۇ كىشىنىڭ نامىزى بۇزۇلىدۇ » (مۇسلىم، سالات، 265، نۇمۇرى، 1137، 1139؛ تىرمىزى، سالات، 136، نۇمۇرى، 338 ). مەنىسىدىكى بىر ھەدىسنى رىۋايەت قىلغانلىقىنى ئاڭلىغان ئائىشە ئانىمىز قاتتىق رەنجىگەن ھالدا « بىزنى ئىت ۋە ئېشەك بىلەن بىر ئورۇنغا قويۇش نېمە دېگەن يامان ئىش، ئايال كىشى ئەسكى ھايۋانمۇ؟ » دېگەن ۋە ئارقىسىدىن « رەسۇلۇللاھ ناماز قىلغاندا مەن جىنازىغا ئوخشاش سوزۇلۇپ ياتاتتىم » دېيىش ئارقىلىق مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇنداق سۆزنى قىلمىغانلىقىنى ئىپادىلىگەن ( مۇسلىم، سالات، 267 ـ 274، نۇمۇرى، 1140 ـ 1147 ).

« مىيىت ئۆزىگە يىغلىغانلار سەۋەپلىك ئازاپقا دۇچار بولىدۇ » ( بۇخارى، جەنائىز، 32، نۇمۇرى، 1286 ـ 1290؛ مۇسلىم، جەنائىز، 16 ـ 28، نۇمۇرى، 2142 ـ 2157 )، « ۋەلەدى زىنا ( زىنادىن تۇغۇلغان بالا ) ئۆچ شەرنىڭ ئەڭ يامىنىدۇر » ( ئەبۇ داۋۇد، ئىتك 12، نۇمۇرى، 3963؛ نىسابۇرى، ھاكىم، ئەل ـ مۇستەدرەك، 2، 215 ) دېگەندەك رىۋايەتلەرگە قارىتا « بۇ ھەقتە سىلەرگە قۇرئان كۇپايە! » دەپ « ھېچكىم ـ ھېچكىمنىڭ گۇناھىنى ئۈستىگە ئالمايدۇ » ( ئەنئام، 164؛ ئىسرا، 15 ) ۋە « ئاللاھ ھېچكىمنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا بۇيرىمايدۇ » ( بەقەرە، 233 ) دېگەن ئايەتلەرنى ئوقۇغان. بۇ رىۋايەتلەرنىڭ ئەسلى تېكىستتىن ئۆزۈپ ئېلىنغان ھالدا رىۋايەت قىلىنغانلىقىنى ئېيتقان ( بۇخارى، جەنائىز، 32، 33، نۇمۇر، 1291،1288، 1292؛ مۇسلىم، جەنائىز، 22،23، نۇمۇر، 2149، 2150 ).

ساھابىلەردىن ئەبۇت ـ تۇفەيل ئامىر ئىبن ۋاسىلە ھەزرىتى ئىبن ئابباسقا: « سېنىڭ قەۋمىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ كەبىنى تاۋاپ قىلغاندا رەمەل ( سوكۇلداپ مېڭىش ) قىلغانلىقىنى ۋە بۇنىڭ سۈننەت ئىكەنلىكىنى ئېيتىۋاتىدۇ » دېگەندە، ئىبن ئابباس:« ھەم توغرا ھەم خاتا. رەسۇلۇللاھنىڭ رەمەل قىلغانلىقى توغرا، لېكىن بۇنىڭ سۈننەت ئىكەنلىكى خاتا » دەپ جاۋاپ بەرگەن ۋە ئارقىسىدىن رەسۇلۇللاھ ئۆزىنى كېسەل دېگەن مۇشرىكلارغا ساق ـ سالامەت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن رەمەل قىلغانلىقىنى ئېيتقان. ئەبۇت تۇفەيل سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ « سېنىڭ قەۋمىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ سافا ۋە مەرۋە ئارىسىدا تۆگە بىلەن سەيئى قىلغانلىقىنى ۋە بۇنىڭ سۈننەت ئىكەنلىكىنى ئېيتىۋاتىدۇ » دېگەندە، يەنە « ھەم توغرا ھەم خاتا. تۆگە بىلەن سەيئى قىلغانلىقى توغرا. لېكىن بۇنىڭ سۈننەت ئىكەنلىكى خاتا » دەپ جاۋاپ بەرگەن ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ سەيئى قىلغاندا بارچە كىشىگە كۆرۈنۈش ۋە ئاۋازىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن تۆگىگە مىنگەنلىكىنى ئېيتقان ( ئەبۇ داۋۇد، مەناسىك، 50، نۇمۇرى، 1885؛ ئەھمەد بىن ھەنبەل، مۇسنەد، 1، 298، نۇمۇرى، 2707 ).

مۇھەددىسلەر بىر ھەدىسنىڭ سەھىھ بولۇشى ئۈچۈن تۆۋەندىكىدەك شەرتلەر بەلگىلىگەن:

1. سەنەدلەر، يەنى رىۋايەت قىلغۇچىلار مەزكۇر ھەدىسنى ئۆزىدىن ئىلگىرىكى كىشىدىن بىۋاستە ئاڭلىغان بولۇشى.
2. ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ ھەممىسى دىيانەتلىك، ئەخلاقلىق، تەقۋادار بولغان بولۇشى، ھەرقانداق ئەخلاقىي ئەيىپلەردىن، گۇناھ – مەسىيەتلەردىن يىراق بولۇشى بىلەن تونۇلغان بولۇشى.
3. ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى ئالاھىدە يۇقىرى، ئاڭلىغان ھەدىسلىرىنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىدىغان، ئاڭلىغان ۋاقتىدىن ئۇنى يەنە بىرىگە رىۋايەت قىلىپ بەرگەنگە قەدەر تېكىستلىرىدىن بىر قىسمىنى ئۇنتۇپ قالمىغان بولۇشى.
4. مەزكۇر ھەدىسنىڭ ئۇنى رىۋايەت قىلغۇچىدىن ئىشەنچلىكرەك كىشىلەرنىڭ رىۋايەتلىرىگە لەۋزىدە ياكى مەنىسىدە ۋەياكى ھەر ئىككىسىدە زىت كەلمىگەن بولۇشى.
5. مەزكۇر ھەدىسنىڭ ساغلاملىقىغا زىيان يەتكۈزىدىغان يوشۇرۇن ئىللەتلەردىن خالىي بولۇشى.

مۇھەددىسلەر بىر ھەدىسنىڭ سەھىھ بولۇشىدا يۇقىرىدىكىدەك ئۆلچەمنى بەلگىلىگەن بولۇپ، ئىسلام ئۆلىمالىرى سەھىھ ھەدىسلەرنىڭ روھىغا ئەمەل قىلىش پەرز دەپ قارىغان.

ھەدىسشۇناسلار ھەدىسلەرنىڭ لەۋزىنى تەتقىق قىلغاندا قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىگە سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ، ئۇنىڭ روھىغا زىت كەلگەنلىرىنى رەت قىلىش پىرىنسىپىنىمۇ قوللانغان ( دىن ۋە ھايات، 2 – قىسىم، 246 – بەت ).

ئىمام ئەبۇ ھەنىفە ۋە ھەمراھلىرى قۇرئان – سۈننەتنى بىر پۈتۈن گەۋدە دەپ قارىغان بولۇپ، ھەنەفىلەر ھەدىسلەرنىڭ سەھىھلىكىنى بەلگىلەشتە قۇرئاننى ئاساس قىلىشنى، ھەدىس ۋە سۈننەتنى قۇرئان ئاساسىدا چۈشىنىشنى ئۆزىگە پىرىنسىپ قىلغان. قاراخانىلىيلار دەۋرىدە ھازىرقى قىرغىزىستاننىڭ ئۆزكەنت شەھرىدە ياشاپ ئۆتكەن تۈرك ئالىم سەراھسىنىڭ تۆۋەندىكى ئىپادىسى ھەنەفىلەرنىڭ ھەدىسلەرگە قانداق مۇئامىلىدە بولغانلىقىنىڭ ئەڭ يارقىن ئىپادىسىدۇر:

ھەر خىل بىدئەت ۋە خاھىشنىڭ ئەسلى مەنبەسى ئاھاد خەۋەرلەر ( بىر كىشىدىن كەلگەن رىۋايەتلەر )نى قۇرئان ۋە مەشھۇر سۈننەتنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈشنى تەرك قىلغانلىقتىن كېلىپ چىققتى. بەزىلەر رەسۇلۇللاھقا ئۇلىشىدىغانلىقى شۈبھىلىك بولغان ۋە قەتئىيلىك ئىپادە قىلمايدىغان رىۋايەتلەرنى سەھىھ قوبۇل قىلدى، ئاندىن قۇرئان ۋە مەشھۇر سۈننەتنى بۇلار ئاساسىدا شەرھىلەشتى. شۇنىڭ بىلەن ئەگىشىش كېرەك بولغاننى چەتكە قايرىپ قويۇپ، قەتئىيلىك ئىپادە قىلمايدىغان نەرسىنى ئاساس قىلىپ بىدئەت ۋە ھاۋايى – نەپسگە ئەگەشتى » ( سەراھسى، ئەل – ئۇسۇل، 1، 364 ).

**قۇرئان ۋە سۈننەتنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدە ئىكەنلىكى ھەققىدە بارلىق ئالىملارنىڭ ھەمپىكىر ئىكەنلىكىدە شۈبھە يوق. ئەقىل ئىگىسى ھەر قانداق مۇسۇلمان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇرئانغا زىت سۆز قىلمايدىغانلىقى ۋە قۇرئانغا زىت ئىش قىلمايدىغانلىقىدا پىكىر بىرلىكىگە ئىگە. چۈنكى قۇرئاندا ھاقىقا سۈرىسىدە بۇ ھەقىقەت مۇنداق بايان قىلىنغان:**

« وَلَوْ تَقَوَّلَ عَلَيْنَا بَعْضَ الْأَقَاوِيلِ ﴿٤٤﴾ لَأَخَذْنَا مِنْهُ بِالْيَمِينِ ﴿٤٥﴾ ثُمَّ لَقَطَعْنَا مِنْهُ الْوَتِينَ ﴿٤٦﴾ فَمَا مِنكُم مِّنْ أَحَدٍ عَنْهُ حَاجِزِينَ ﴿٤٧﴾وَإِنَّهُ لَتَذْكِرَةٌ لِّلْمُتَّقِينَ ﴿٤٨﴾

**ئەگەر ئۇ بىزنىڭ نامىمىزدىن يالغاننى توقۇيدىغان بولسا، (44) ئەلۋەتتە ئۇنى قۇدرىتىمىز بىلەن جازالايتتۇق (45) ئاندىن ئۇنىڭ ئاساسى قىزىل تومۇرىنى كېسىپ تاشلايتتۇق (46) سىلەردىن ھېچبىر ئادەم ئۇنى قوغداپ قالالمايتتى (47) شەك ـ شۈبھىسىزكى، بۇ قۇرئان تەقۋادارلار ئۈچۈن ۋەز ـ نەسىھەتتۇر (48) »**

**لېكىن ئۇنى چۈشىنىش مېتودىدا پەرقلەرنىڭ بارلىقى ھەممىگە ئايان. ئەھلى ھەدىس، ھەدىس ۋە سۈننەتنى قۇرئانغا ئاساسەن چۈشىنىش ۋە شەرھىيلەشنىڭ ئورنىغا، قۇرئاننى ھەدىس ۋە سۈننەت ئاساسىدا شەرھىيلەشنى ئۆزىگە پىرىنسىپ قىلغان. بۇ ھەقتە ئىمام ئەۋزائىنىڭ (** ھىجرى **153** – يىلى ۋاپات بولغان **) « سۈننەت كىتاب(نىڭ مەنىسىنى ) بەلگىلىگۈچىدۇر » دېگەن سۆزى بۇ پىرىنسىپنىڭ ئىپادىسىدۇر (** دىرامى، مۇقەددىمە، **49**، نۇمۇرى، **598 ). ئەھلى ھەدىسنىڭچە ھەدىس قۇرئان ئايەتلىرىنى نەسخ قىلالايدۇ، يەنى ھۆكۈمسىز قىلالايدۇ. بۇ سەۋەپتىن ئەھلى ھەدىس ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇئەنھادىن باشلانغان ئەھلى رەيىنىڭ ھەدىسلەرنى قۇرئاننىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈشكە قاتتىق قارشى چىققان (** شافى، ئەر – رىسالە، **91**؛ شاتىبى، ئەل – مۇۋافاقات، **4**، **12 ).**

**ئەھلى ھەدىس، ھەدىس تاللاشتا رەيىنى ئاساس قىلىشقا قارشى چىقىپلا قالماستىن، ھەدىسلەرنى چۈشىنىش ئۈچۈن تەپسىر ۋە تەۋىلگىمۇ قارشى چىققان بولۇپ، دىرامى ئۆزىنىڭ ئەس سۈنەن ناملىق ئەسىرىدە « قۇرئاننى تەپسىر قىلىشتىن ئۆزىمىزنى تارتقاندەك، ھەدىسلەرنىمۇ تەپسىر قىلىشتىن ئۆزىمىزنى تارتىشىمىز كېرەك » دېگەن (** دىرامى، مۇقەددىمە، **1ـ 125 ).**

**ھالبۇكى، ئەبۇ ھەنىفە ۋە ھەمراھلىرى بۇنىڭ تەتۈرسىنى، يەنى ھەدىس ۋە سۈننەتنى چۈشىنىشتە قۇرئاننى ئاساس قىلىشنى ئۆزىگە پىرىنسىپ قىلغان. ئىمام ئەبۇ ھەنىفە باشچىلىقىدىكى ئېقىمنىڭ ھەدىسلەرگە تۇتقان مۇئامىلىسى باشقىلاردىن پەرقلىق بولۇپ، ئۇلار ھەدىسنىڭ لەبزى، راۋىسى، سۈننەتنىڭ شەكلىگە ئېسىلىۋالمىغان، ئۇنىڭ ئەكسىچە تېكىستنىڭ مەزمۇنىغا ئەھمىيەت بەرگەن.**

ئىمام مالىك ( ۋاپات، ھىجرى 179 ) ھەدىسلەرنى چۈشۈنۈشتە تۆۋەندىكىدەك ئۈچ پرىنسىپقا ئەمەل قىلغان:

1. ھەدىس قۇرئاننىڭ زاھىرىغا زىت بولمايدۇ.

2. ھەدىس، بىرلىككە كەلگەن ۋە مۇقىملاشتۇرۇلغان شەرئى ئۇسۇل ۋە قائىدىلەرگە زىت بولمايدۇ.

3. ھەدىس، مەدىنە ئەھلى بىرلىككە كەلگەن بىر ئىجرائاتقا زىت بولمايدۇ. ( بىلتاجى، مۇھەممەد، دىراسىت فىس – سۈننەت، 120 ـ 138 ).

ئىمام مالىك بۇخارى ۋە مۇسلىمدا يەر ئالغان، ھەتتا ئۆزىنىڭ مۇۋاتتاسىدا بايان قىلغان كۆپ ساندىكى ھەدىسلەرنى ئۈچىنچى ئۆلچەمگە چۈشمەيدۇ دەپ ئەمەل قىلمىغان، بۇ سەۋەپتىن تەنقىتلەرگە ئۇچرىغان ( رىۋايەت قىلغان، ئەمما ئەمەل قىلمىغان ھەدىسلەر ئۈچۈن مالىك، مۇۋاتتا، 2 – جىلد، 608، 748، 851 گە قاراڭ ).

ھەتتا باغدادىي ئىمام مالىكنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتتا ھېچقانداق قىممىتى بولمىغان رىۋايەتلەرنى كىتابىدا نەقىل قىلغانلىقى سەۋەبىدىن پۇشايمان بولۇپ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلماقتا:

« بۇ ھەدىسلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىقى كىشىنى ئازدۇرىدۇ. كىتابىمغا شۇنداق ھەدىسلەرنى ئالدىم. كاشكى بۇلارنى نەقىل قىلىشنىڭ ئورنىغا ھەر بىر ھەدىس ئۈچۈن ئىككى پالاق يېگەن بولسام، نەقىل قىلمىغان بولسام » ( باغدادى، مۇھتاسارۇ نەسھاتى ئەھلىل ھەدىس، 31 – بەت ).

ئىمام مالىك ھەدىس بىلەن مەشغۇل بولغان ئىككى جىيەنىگە مۇنداق دېگەن: « ھەدىس ئىلمىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭلارنى، ئۇنىڭغا ئىشتىياق باغلىغانلىقىڭلارنى بىلىپ تۇرۇپتىمەن، ئەگەر ھەقىقەتەن ھەدىستىن پايدىلىنىشنى ۋە ئاللاھنىڭ سىلەرنى ئۇنىڭدىن پايدىلاندۇرۇشنى خالىساڭلار، رىۋايەتلەرنى ئازايتىڭلار ۋە ( رىۋايەت قىلغانلىرىڭلار ) ئۈستىدە فىقھ ( تەپەككۇر ) قىلىڭلار » ( باغدادى، مۇھتاسارۇ نەسھاتى ئەھلىل ھەدىس، 31 – بەت ).

ئەھلى ھەدىس، ھەدىس ۋە سۈننەتكە ئەھلى رەيىنىڭ ئەكسىچە مۇئامىلە قىلغان بولۇپ، ئەھلى ھەدىسنىڭ نەزىرىدە قۇرئان بىلەن ھەدىس مەيلى مەزمۇن مەيلى ئېتىبار جەھەتتىن ئوخشاشتۇر. بۇ سەۋەپتىن ئەھلى ھەدىس ھەدىسلەرگە شۇنداق ئېتىبار بەرگەن بولۇپ، ئىلمنى ھەدىس بىلەن تەڭ دەرىجىگە قويىغان. كۇتۇبى سىتتە مۇئەللىپلىرىنىڭ « كىتابۇل ئىلىم » تېمىسى ئاستىدا بەرگەن خەۋەرلەر بۇنى كۆرسەتمەكتە ( مىسال سۈپىتىدە بۇخارىنىڭ ئىلىم ھەققىدىكى بابىغا قاراڭ ). ئەھلى ھەدىس ئۈچۈن ئەھەد ھەدىسلەر ئىلمى ياقىنىي بىلدۈرىدىغان بولۇپ، بۇ سەۋەپتىن ئەھەد خەۋەرلەر ھەم ئەقىدە ھەم مۇئامىلاتتا دەلىل سۈپىتىدە قوبۇل قىلغان.

ئىمام شافى ( ۋاپات، ھىجرى 204 ) دەۋرىگە كەلگەندە ۋەھيي مەتلۇۋ ۋە غەيرى مەتلۇۋ ۋەھيي دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىلغان بولۇپ، ئىمام شافى « ئەل ـ ئۇمم » ناملىق ئەسرىدە ھەنەفىلەرنىڭ پرىنسىپلىرىنى تەنقىت قىلىش ئۈچۈن ئايرىلغان باپتا مۇنداق دېگەن:

« پەيغەمبەر پەرز قىلغان ھەر نەرسە ۋەھيي بىلەن بولغان. ئوقۇلىدىغان ( تىلاۋەت قىلىنىدىغان ) ۋەھيي باردۇر. ئۇنىڭدىن باشقا بىۋاستە ھالدا پەيغەمبەرگە ۋەھيي قىلىنغان ۋە پەيغەمبەر سۈننەت قىلغانلار باردۇر » ( ئىمام شافى، ئەل ـ ئۇمم، 4، 271 ).

« پەيغەمبەر ئاللاھنىڭ ئەمرى بولماستىن ھەرقانداق مەسلىدە ھۆكۈم بەرمىگەن. ئاللاھ پەيغەمبەرگە ئەۋەتكەن ئەمرلەر ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرسى ئاللاھ ئىنسانلارغا ئوقۇپ بېرىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن ۋەھيدۇر. يەنە بىرسى، ئاللاھتىن ‹ بۇ ئىشنى مۇنداق قىل! › دەپ ئەۋەتكەن تەلىماتى بولۇپ، ئۇ بۇلارنى ئادا قىلغان » ( شافى، ئەل ـ ئۇمم، 5، 113 ).

شارانىنىڭ نەقىل قىلىشىچە ئىمام شافى بىر سۆزىدە مۇنداق دېگەن: « ئۇسۇل ( قۇرئان ۋە سۈننەت ) ھەققىدە ئارتۇقچە توختالماسلىق، نېمە ئۈچۈن، قانداق دېگەن سوئاللارنى سورىماسلىق بەندىنىڭ ئىمانىنىڭ كامالىتىدىندۇر » ( شارانى، ئەل ـ مىزان، 1، 61 ). ئىمام شافىدىن كېيىن ئۆتكەن ھەدىسچىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئەھلى رەيگە قارشى ئىمام شافىنىڭ نەزەرىيىسىنى قوبۇل قىلغان.

كېيىنكى مەزگىللەردە شاھ ۋالىيۇللاھ دەھلەۋى ( ۋاپات، 1762 ) ئىسلامنىڭ ھۆكۈملىرىگە قارىتا نېمە ئۈچۈن، قانداق دېگەن سوئاللارنى سورىماسلىقنى ئىماننىڭ كامالىتى دەپ قارىغان ئالىملارغا قارىماستىن، بۇ سوئاللارنى سوراشنى ئىماننىڭ تەقەززاسى دەپ قارىغان. ئۇنىڭچە ئىنسان مانا مۇشۇنداق شەكىلدە دىنغا چىڭ يېپىشىدۇ ( دەھلەۋى، ھۇججەتۇللاھىل بەلاغە، 1، 21 ). دەسلەپكى مەزگىللەردىكى مۇسۇلمانلار ساپ ۋە تەسلىمىيەتچى ئەقىدىگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ سوئاللارنى سوراشقا ھاجىتى چۈشمىگەن بولۇشى مۇمكىن. لېكىن دەۋرىمىزدىكى كىشىلەرنىڭ بۇ سوئاللارغا ئېھتىياجى بار ( دەھلەۋى، ھۇججەتۇللاھىل بەلاغە، 1، 36 ).

ئەھلى ھەدىس ھەدىسلەرنى يىغىش، رەتلەشتە كۆپ كۈچ چىقارغان بولۇپ، مۇتلەق كۆپچىلىكى توقۇلما بولغان ھەدىسلەرنى ئېنىقلاشقا بېرىلىپ كەتكەنلىكتىن، ھەدىسلەرنىڭ مەزمۇنىغا يېتەرلىك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرەلمىگەن ۋە مەنىلىرى ئۈستىدە كۆپلەپ تەپەككۇر قىلالمىغاندى ( خاتتابى، مائالىمۇس سۈنەن، 1، 3 ـ 8 ).

ئەھلى ھەدىس، ھەدىسلەرنىڭ ۋەھيي ئىكەنلىكىگە دەلىل سۈپىتىدە تۆۋەندىكى ئايەتلەرنى دەلىل قىلىپ كۆرسىتىدۇ:

« وَمَا آتَاكُمُ الرَّسُولُ فَخُذُوهُ وَمَا نَهَاكُمْ عَنْهُ فَانتَهُوا ـ پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار، پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىڭلار ».

**يۇقىرىدىكى ئايەت ھەشىر سۈرىسىنىڭ 7 – ئايىتىنىڭ پەقەت بىر قىسمى بولۇپ، ئايەتنى تولۇق ھالدا بىرلىكتە ئوقۇپ باقايلى:**

**« مَّا أَفَاءَ اللَّهُ عَلَىٰ رَسُولِهِ مِنْ أَهْلِ الْقُرَىٰ فَلِلَّهِ وَلِلرَّسُولِ وَلِذِي الْقُرْبَىٰ وَالْيَتَامَىٰ وَالْمَسَاكِينِ وَابْنِ السَّبِيلِ كَيْ لَا يَكُونَ دُولَةً بَيْنَ الْأَغْنِيَاءِ مِنكُمْ ۚ وَمَا آتَاكُمُ الرَّسُولُ فَخُذُوهُ وَمَا نَهَاكُمْ عَنْهُ فَانتَهُوا ۚ وَاتَّقُوا اللَّهَ ۖ إِنَّ اللَّهَ شَدِيدُ الْعِقَابِ**

**ﷲ رەسۇلىغا غەنىمەت قىلىپ بەرگەن ئەلى قۇرا (يەنى قۇرەيزە، نەزىر، پەدەك ۋە خەيبەر كۇففارلىرى) نىڭ ماللىرىنى، ئىچىڭلاردىكى بايلار ئارىسىدا قولدىن قولغا ئۆتۈپ يۈرمەسلىكى ئۈچۈن، ﷲ قا، رەسۇلىغا، رەسۇلىنىڭ خىش ـ ئەقرىبالىرىغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبنى سەبىللەرگە خاس قىلدى، رەسۇل سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار، رەسۇل چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىڭلار، ﷲ تىن قورقۇڭلار، ھەقىقەتەن ﷲ نىڭ ئازابى قاتتىقتۇر ».**

**مەزكۇر ئايەتنى بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە ۋە ئالدى – ئارقىسىدىكى ئايەتلەر بىلەن بىرلىكتە ئوقۇغان ۋاقتىمىزدا، مەزكۇر پارچىنىڭ غەنىمەت تەقسىماتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى، ھەدىس بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوقلىقى مەلۇم بولماقتا.**

«وَمَا يَنطِقُ عَنِ الْهَوَىٰ **– (ئۇ) ئۆز نەپسى خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ ».**

**يۇقىرىدىكى ئايەت نەجم سۈرىسى 3 – ئايەت بولۇپ، مەزكۇر ئايەتكە ئالدى – ئارقىسىدىكى ئايەتلەر بىلەن بىرلىكتە كۆز يۈگۈرتۈپ چىقايلى:**

« مَا ضَلَّ صَاحِبُكُمْ وَمَا غَوَىٰ **ـ سىلەرنىڭ ھەمراھىڭلار (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) گۇمراھ بولمىدى ۋە يولدىن ئاداشمىدى » ( نەجم، 2 – ئايەت ).**

« وَمَا يَنطِقُ عَنِ الْهَوَىٰ **– (ئۇ) ئۆز نەپسى خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ » ( نەجم، 3 – ئايەت ).**

« إِنْ هُوَ إِلَّا وَحْيٌ يُوحَىٰ **ـ پەقەت ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان ۋەھيىنىلا سۆزلەيدۇ » ( نەجم، 4 – ئايەت ).**

**يۇقىرىدىكى ئايەتلەرنى بىرلىكتە ئوقۇغان ۋاقتىمىزدا ئاللاھنىڭ مۇشرىكلارنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قاراتقان ھەر تۈرلۈك تۆھمەت ھاقارەتلىرىگە جاۋاپ بېرىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇرىدۇ. مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ رەسۇلۇللاھقا بولغان ئېتىرازى ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئەمەس،**

**ئەكسچە ۋەھيگە ئىدى. ئۇ تۆھمەت ياكى ئىپتىرازلاردىن بىرسى تۆۋەندىكى ئايەتتە بايان قىلىنغان:**

« فَقَالَ إِنْ هَٰذَا إِلَّا سِحْرٌ يُؤْثَرُ **ـ بۇ (كالامۇللاھ ئەمەس) پەقەت ئۆگىنىلگەن سېھىردۇر » ( مۇددەسسىر، 24 ـ ئايەت ).**

« إِنْ هَٰذَا إِلَّا قَوْلُ الْبَشَرِ **ـ بۇ پەقەت ئىنسان سۆزىدۇر، دېدى » ( مۇددەسسىر، 24 ـ ئايەت ).**

**مۆتىۋەر ھەدىس كىتاپلىرىدىمۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەر سۆزىنىڭ ۋەھيي ئەمەسلىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان رىۋايەتلەر مەۋجۇت.**

**« جابىر بىن ئابدۇللاھ ۋە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە رەسۇلۇللاھ بىر كۈنى مۇنداق دۇئا قىلغان: ئاللاھىم! مۇھەممەدمۇ بىر بەشەر ( ئىنسان )دۇر. ھەر بەشەر غەزەپكە كېلىپ ئاچچىقلانغاندەك مۇھەممەدمۇ ئاچچىقلىنىدۇ. ئاللاھىم! ھەرقانداق بىر مۇسۇلمانغا ھەقسىز يەرگە لەنەت قىلغان، قاتتىق تەگكەن، بەددۇئا قىلسام، بۇنى ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئەجىر، رەھمەت ۋە مەغپىرەت ۋەسىلىسى قىلغىن » ( مۇسلىم بىرر، 88، نۇمۇرى، 6614 ).**

**ئۇممى سەلەمە رەزىياللاھۇئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنغان: « ئەنسارلاردىن ئىككى كىشى مىراس مەسىلىسى سەۋەبىدىن رەسۇلۇللاھقا شىكايەت قىلىپ كەلگەن. رەسۇلۇللاھ ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنىڭ ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن مۇنداق دېگەن: ‹ سىلەر مېنىڭ ئالدىمغا ئەرز قىلىپ كەلدىڭلار. مەنمۇ بىر بەشەر. بەزىڭلار بەزىڭلارغا قارىغاندا ئۈستۈن چىقىشىڭلار ۋە مەن ئۇنى ھەقلىق دەپ قاراپ ئۇنىڭ پايدىسىغا ھۆكۈم بېرىشىم مۇمكىن. بۇ ئەھۋالدا مۇسۇلمان بىر قېرىندىشىڭلاردىن ئېلىپ يەنە بىرىڭلارغا بەرگەن ھەق، ئوتتىن بىر پارچىدۇر. خالىساڭلار ئېلىڭلار، خالىساڭلار ئالماڭلار › » ( مۇسلىم، ئەقدىيە، 5، نۇمۇرى، 4475؛ بۇخارى، ئەھكام، 29، نۇمۇرى، 7181 ).**

وَإِذْ تَقُولُ لِلَّذِي أَنْعَمَ اللَّهُ عَلَيْهِ وَأَنْعَمْتَ عَلَيْهِ أَمْسِكْ عَلَيْكَ زَوْجَكَ وَاتَّقِ اللَّهَ وَتُخْفِي فِي نَفْسِكَ مَا اللَّهُ مُبْدِيهِ وَتَخْشَى النَّاسَ وَاللَّهُ أَحَقُّ أَن تَخْشَاهُ ۖ فَلَمَّا قَضَىٰ زَيْدٌ مِّنْهَا وَطَرًا زَوَّجْنَاكَهَا لِكَيْ لَا يَكُونَ عَلَى الْمُؤْمِنِينَ حَرَجٌ فِي أَزْوَاجِ أَدْعِيَائِهِمْ إِذَا قَضَوْا مِنْهُنَّ وَطَرًا ۚ وَكَانَ أَمْرُ اللَّهِ مَفْعُولًا **– ئۆز ۋاقتىدا سەن الله نېمەت بەرگەن، سەنمۇ ئىنئام قىلغان كىشىگە: ‹ خوتۇنۇڭنى نىكاھىڭدا تۇتقىن، الله تىن قورققىن! › دېدىڭ، الله ئاشكارىلىماقچى بولغان نەرسىنى كۆڭلۈڭدە يوشۇردۇڭ، كىشىلەرنىڭ تەنە قىلىشىدىن قورقتۇڭ، الله تىن قورقۇشۇڭ ئەڭ ھەقلىق ئىدى. مۇئمىنلەرگە ئۇلارنىڭ بالا قىلىۋالغان ئوغۇللىرىنىڭ قويۇپ بەرگەن**

**خوتۇنلىرىنى نىكاھلاپ ئالسا گۇناھ بولماسلىقى ئۈچۈن، زەينەبنى زەيد قويۇۋەتكەندىن كېيىن ساڭا نىكاھلاپ بەردۇق، الله نىڭ (سېنىڭ زەينەبنى ئېلىشىڭ توغرىسىدىكى) ئەمرى چوقۇم ئورۇنلىنىدۇ » ( ئەھزاپ، 37 ـ ئايەت ).**

**يۇقىرىدىكى ئايەتكە قارىساق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاسرانديى ئوغلى زەيد رەزىيەللاھۇئەنھۇغا ئايالى زەينەپنى تالاق قىلماسلىقنى تەۋسىيە قىلغانلىقى چىقىپ تۇرىدۇ. ئەمما زەيد رەزىيەللاھۇئەنھۇنىڭ زەينەپ رەزىيەللاھۇئەنھانى تالاق قىلغانلىقى مەلۇم.**

« قَدْ سَمِعَ اللَّهُ قَوْلَ الَّتِي تُجَادِلُكَ فِي زَوْجِهَا وَتَشْتَكِي إِلَى اللَّهِ وَاللَّهُ يَسْمَعُ تَحَاوُرَكُمَا ۚ إِنَّ اللَّهَ سَمِيعٌ بَصِيرٌ ـ **الله ھەقىقەتەن ئېرى توغرىسىدا سەن بىلەن مۇنازىرىلەشكەن ۋە الله قا شىكايەت قىلغان ئايالنىڭ سۆزىنى ئاڭلىدى، الله ئىككىڭلارنىڭ سۆزلۈشۈڭلارنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ، الله ھەقىقەتەن ئاڭلىغۇچىدۇر كۆرگۈچىدۇر » ( مۇجادىلە، 1 ـ ئايەت ).**

**يۇقىرىدىكى ئايەتتىمۇ بىر ئايال ساھابىنىڭ ئېرى توغرىسىدا رەسۇلۇللاھ بىلەن مۇنازىرىلەشكەنلىكى، رەسۇلۇللاھنىڭ بەرگەن جاۋابىغا قايىل بولماي دەردىنى ئاللاھقا شىكايەت قىلغانلىقى چىقىپ تۇرىدۇ.**

**قۇرئانى كەرىمدە ئاللاھ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر مەسىلە ھەققىدە ھۆكۈم چىقارغان بولسا مۇئمىنلەرنى شەرتسىز ئۇنىڭ ئىتائەت قىلىشقا بۇيرىيدۇ. ئۇنداقتا يۇقىرىدىكى ئىككى مىسالدا ساھابىلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۆكمىگە بويسۇنمايدۇ؟**

**يۇقىرىدىكى ئۆرنەكلەردىن، ھەتتا بەدىر غازىتىدىكى قارارگاھ مەسلىسىدە « بۇ يەرگە چۈشۈشنى رەببىڭ بۇيرىدىمۇ ياكى ئۆزەڭنىڭ قارارىڭمۇ؟ » دەپ سورىغان ۋاقىتتىكى مىساللاردىن ساھابىلەرنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەر سۆزىگە ۋەھيي سۈپىتىدە قارىمىغانلىقىنى ئېنىق كۆرىۋالالايمىز. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام « رەسۇل ـ ئەلچى » سۈپىتى بىلەن سۆز قىلغاندا، ئاللاھنىڭ سۆزىنى يەتكۈزگەن، ھۆكۈم بەرگەندە ئاللاھنىڭ ھۆكمىنى بەرگەن بولىدۇ. بۇ سەۋەپتىن مۇئمىنلەرنىڭ ئۇنىڭغا قارشى چىقىشى ئازغۇنلۇق بولىدۇ. ھەتتا ئاللاھنى دوست تۇتۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى سۈپىتىدە رەسۇل ـ ئەلچىگە ئىتائەت قىلىش ۋە ئەگىشىشكە بۇيرىيدۇ. بۇ ھەقتە قۇرئان مۇنداق دەيدۇ:**

« وَمَا كَانَ لِمُؤْمِنٍ وَلَا مُؤْمِنَةٍ إِذَا قَضَى اللَّهُ وَرَسُولُهُ أَمْرًا أَن يَكُونَ لَهُمُ الْخِيَرَةُ مِنْ أَمْرِهِمْ ۗ وَمَن يَعْصِ اللَّهَ وَرَسُولَهُ فَقَدْ ضَلَّ ضَلَالًا مُّبِينًا ـ **الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغان چاغدا، ئەر ـ ئايال مۇئمىنلەرنىڭ ئۆز ئىشىدا ئىختىيارلىقى بولمايدۇ (يەنى الله ۋە الله نىڭ رەسۇلى بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغان ئىكەن، ھېچ ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا**

مۇخالىپەتچىلىك قىلىشقا بولمايدۇ)، كىمكى الله قا ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا ئاسىيلىق قىلسا، ھەقىقەتەن ئۇ ئوپئوچۇق ئازغان بولىدۇ » ( ئەھزاپ، 36 ـ ئايەت ).

قُلْ إِن كُنتُمْ تُحِبُّونَ اللَّهَ فَاتَّبِعُونِي يُحْبِبْكُمُ اللَّهُ وَيَغْفِرْ لَكُمْ ذُنُوبَكُمْ ۗ وَاللَّهُ غَفُورٌ رَّحِيمٌ ﴿٣١﴾ قُلْ أَطِيعُوا اللَّهَ وَالرَّسُولَ ۖ فَإِن تَوَلَّوْا فَإِنَّ اللَّهَ لَا يُحِبُّ الْكَافِرِينَ ﴿٣٢﴾ - (ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەر الله نى دوست تۇتساڭلار، ماڭا ئەگىشىڭلاركى، الله سىلەرنى دوست تۇتىدۇ، (ئۆتكەنكى) گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ. الله ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر» (31) ئېيتقىنكى، «الله قا ۋە رەسۇلىغا ئىتائەت قىلىڭلار». ئەگەر ئۇلار (ئىتائەت قىلىشتىن) يۈز ئۆرۈسە، الله كاپىرلارنى (يەنى الله نىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلارنى) دوست تۇتمايدۇ (32 ) ( ئالئىمران سۈرىسى ).

يۇقىرىدىكى ئايەتلەرگە قارىغان ۋاقتىمىزدا، ئاللاھ مۇئمىنلەرنى ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا، يەنى ئەلچى يەتكۈزگەن ۋەھيى سۈپىتىدە يەتكۈزگەن ھۆكۈم ۋە ئىجرائاتلارغا شەرتسىز ئىتائەت قىلىشقا بۇيرىغان. شۇڭا ئايەتلەردە « رەسۇل » ئاتالغۇسى تىلغا ئېلىنغان. ئاللاھ قۇرئاندا مارۇپ ( شەرىئەتكە خىلاپ بولمىغان ياخشى ئىشلار ) ئىشلاردا نەبىگە ئىتائەت قىلىشنى بۇيرىيدۇ:

يَا أَيُّهَا النَّبِيُّ إِذَا جَاءَكَ الْمُؤْمِنَاتُ يُبَايِعْنَكَ عَلَىٰ أَن لَّا يُشْرِكْنَ بِاللَّهِ شَيْئًا وَلَا يَسْرِقْنَ وَلَا يَزْنِينَ وَلَا يَقْتُلْنَ أَوْلَادَهُنَّ وَلَا يَأْتِينَ بِبُهْتَانٍ يَفْتَرِينَهُ بَيْنَ أَيْدِيهِنَّ وَأَرْجُلِهِنَّ وَلَا يَعْصِينَكَ فِي مَعْرُوفٍ ۙ فَبَايِعْهُنَّ وَاسْتَغْفِرْ لَهُنَّ اللَّهَ ۖ إِنَّ اللَّهَ غَفُورٌ رَّحِيمٌ - ئى نەبى! مۇئمىن ئاياللار ساڭا كېلىپ، الله قا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىككە، ئوغرىلىق قىلماسلىققا، زىنا قىلماسلىققا، بالىلىرىنى (جاھىلىيەت دەۋرىدىكىدەك قىز بالىلىرىنى نومۇستىن ياكى كەمبەغەللىكتىن قورقۇپ) ئۆلتۈرمەسلىككە، باشقىلارنىڭ بالىسىنى يالغاندىن ئەرلىرىنىڭ بالىسى قىلىۋالماسلىققا، سەن بۇيرۇغان ياخشى ئىشلاردىن باش تارتماسلىققا بەيئەت قىلسا (يۇقىرىقى شەرتلەر ئاساسىدا) ئۇلارغا بەيئەت قىلغىن، ئۇلار ئۈچۈن الله تىن مەغپىرەت تىلىگىن، الله ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر » ( مۇمتەھىنە، 12 ـ ئايەت ).

ھەدىس ۋە سۈننەتنى چۈشىنىشتە توغرا بولغان « نەبى » چۈشەنچىسىگە ئىگە بولۇش ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەم بەشەر ھەم رەسۇل بولۇپ، بۇ ئىككى سۈپەت ئوتتۇرىسىدىكى ئىنچىكە پەرقنى بىلىش زۆرۈر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامۇ بۇ نوقتىنى تەكىتلەپ ھەر پۇرسەتتە مۇنداق دېگەن:

**« مېنى مەريەم ئوغلى ئىسانى ھەددىدىن زىيادە ئۇلۇغلىغاندەك ئۇلۇغلىماڭلار! بىلىڭلاركى مەنمۇ بىر بەندە. مەن ئۈچۈن ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە رەسۇلى دەڭلار » ( ئەھمەد بىن ھەنبەل، 1، 48، نۇمۇرى، 331؛ بۇخارى، ھۇدۇد، 31، نۇمۇرى، 6830؛ فارىسى، ئەل ئېھسان، 2، 154 ).**

**ئىمام ئەھمەد بىن ھەنبەل ( ۋاپات، ھىجرى 241 ) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابە دەۋرىدە مەۋجۇت بولمىغان، ئەمما ئۆزى ياشىغان دەۋردە ئوتتۇرىغا چىققان ھەر قانداق ئىشقا بىدئەت نۇقتىسىدىن قارىغان بولۇپ، ئۇ ھەدىسلەرنى تۈرلەرگە ئايرىشتىن باشقا فىقھ ئەسەرلەرنىڭ يېزىلىشى، پەتىۋالارنىڭ ئېلان قىلىنىشىغا قاتتىق قارشى تۇرغان ( ئابدۇللاھ ئىبن ساد، قادەتۇل فىكرىل ئىسلام، 100 ـ بەت ).**

**ئىمام شافى ناھايىتى قېيىن شارائىتتا جاپا ـ مۇشەققەت ئىچىدە يىغىلىپ يېزىلغان ھەدىسلەرنى تۈنجى بولۇپ قانۇن نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلىشقا باشلىغان بولۇپ، ھەدىسلەردىن ھۆكۈم چىقىرىش مېتودىنىڭ باشلامچىسىدۇر.**

**بۇخارى شەرھىيسىنىڭ مۇئەللىپى ئاينى ( ۋاپات، ھىجرى 855 ) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋەتىلىش مەقسىتى ھەققىدە توختۇلۇپ مۇنداق دېگەن: « پەيغەمبەر ھەققەتنى ئىزاھلاش ئۈچۈن ئەمەس، ئەكسىچە ھۆكۈملەرنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن » ( ئاينى، ئۇمدەتۇل قارى، 2، 17 ).**

**ھالبۇكى، قۇرئانى كەرىمدە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:**

يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تَسْأَلُوا عَنْ أَشْيَاءَ إِن تُبْدَ لَكُمْ تَسُؤْكُمْ وَإِن تَسْأَلُوا عَنْهَا حِينَ يُنَزَّلُ الْقُرْآنُ تُبْدَ لَكُمْ عَفَا اللَّهُ عَنْهَا ۗ وَاللَّهُ غَفُورٌ حَلِيمٌ **ـ ئى مۇئمىنلەر! ئەگەر سىلەرگە ئاشكارا قىلىنسا سىلەرنى بىئارام قىلىپ قويىدىغان نەرسىلەر توغرۇلۇق سورىماڭلار. ئەگەر قۇرئان نازىل قىلىنىۋاتقان چاغدا ئۇلار توغرۇلۇق سورىساڭلار، سىلەرگە بىلدۈرۈلىدۇ. ئۇلارنى الله ئەپۇ قىلدى. الله ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ھەلىمدۇر » (مائىدە، 101 ).**

« إِن تَجْتَنِبُوا كَبَائِرَ مَا تُنْهَوْنَ عَنْهُ نُكَفِّرْ عَنكُمْ سَيِّئَاتِكُمْ وَنُدْخِلْكُم مُّدْخَلًا كَرِيمًا **ـ ئەگەر سىلەر مەنئى قىلىنغان چوڭ گۇناھلاردىن ساقلانساڭلار، (كەرىمىمزگە ئېلىپ) كىچىك گۇناھلىرىڭلارنى يوقۇا چىقىرىمىز ۋە سىلەرنى ئېسىل ماكانغا (يەنى جەننەتكە) كىرگۈزىمىز » ( نىسا، 31 ـ ئايەت ).**

**ھەدىس ۋە سۈننەت پەقەت ھۆكۈم ۋە قانۇن مەنبەسى ئەمەس. ئومۇمي جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئىسلام مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن بىلىم مەنبەسى بولۇپ، ئۇسۇلى فىقھتا ئىلىم مەنبەسى دەپ قارالماستىن ھۆكۈم مەنبەسى دەپ قارالغان ۋە ھۆكۈم ئىپادە قىلمايدىغان ھەدىسلەرگىمۇ بۇ ۋەزىپىنى يۈكلەنگەن. نەتىجىدە ئىسلامنىڭ ئىنسانلارنىڭ ئىختىيارىغا**

تاپشۇرغان ئەركىنلىك دائىرىسى تارايتىلغان، ھەتتا يوق قىلىنغان ( پروف. در. مەھمەت گۆرمەز، سۈننەت ۋە ھەدىسنىڭ چۈشۈنۈش ۋە شەرھىيلەشتە مېتود مەسىلىسى، 204 ـ بەت ).

14 ئەسىردىن بۇيان ئالىملار ھەدىسلەردىن ئىماننىڭ قانداق تەرىپلەنگەنلىكىنى ئۆگەنگەن ۋە ئۆگىتىپ ۋەز قىلىپ كەلگەن بولۇپ، ھەدىسلەرنى ئىماننىڭ شەرتى دەپ قارىمىغان. سەھىھ بولۇپ – بولمىغانلىقى ئەتراپىدا مۇنازىرىلەر بولغان. بۇ سەۋەپتىن ھەدىسلەر رەتلىنىپ كېلىنگەن، ئوخشاشلىقتا ۋە پەرقە ئىگە بولغان ھەدىس كىتاپلىرى يېزىلغان، ھەدىسلەر باھالانغان. ھەدىسلەرگە تەنقىدى مۇئامىلە قىلىشنى مۇتلەق كۆپسانلىق ئۆزىگە پىرىنسىپ قىلىپ كەلگەن بولۇپ، پەرقلەر سەۋەبىدىن بىر – بىرىنى تەكفىر قىلمىغان.

مېنىڭ مەقسىتىم قانداقتۇر قېرىنداشلارغا رەددىيە يېزىش ۋەياكى ھەدىس ھەققىدە مۇنازىرە باشلاش ئەمەس، ئەكسىچە ھەدىسلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىش ھەققىدە پىكىر ئالماشتۇرۇشتۇر. ئىنشائاللاھ سۆھبىتىمىزنى يەنە داۋاملاشتۇرىمىز.

رَبَّنَا اغْفِرْ لَنَا وَلِإِخْوَانِنَا الَّذِينَ سَبَقُونَا بِالْإِيمَانِ وَلَا تَجْعَلْ فِي قُلُوبِنَا غِلًّا لِّلَّذِينَ آمَنُوا رَبَّنَا إِنَّكَ رَءُوفٌ رَّحِيمٌ ـرەببىمىز! بىزگە ۋە بىزدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان قېرىنداشلىرىمىزغا مەغپىرەت قىلغىن، دىللىرىمىزدا مۇئمىنلەرگە قارشى دۈشمەنلىك پەيدا قىلمىغىن، رەببىمىز! سەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىسەن، مېھرىبانسەن!

توغرا بولسا ئاللاھنىڭ ماڭا قىلغان رەھمىتىدۇر، خاتا بولسا ماڭا ئائىتتۇر.

دۇئا ۋە سالاملار